# يىللار گۇۋاھچى

(شېئىرلار)

ئالىمجان تۇرسۇن كىچىك نەزەرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

1

# ئاز ئەمەس

ئۇچۇرغاننىڭ ھەممىسى دوس بولمايدۇ ئەلۋەتتە،
تىشى گۈزەل، زەھەرلىك يىلانلارمۇ ئاز ئەمەس.
ھوشيار بولغىن ھەر دائىم ئۇخلىمىغىن غەپلەتتە،
سىنىڭ ئۈچۈن تۈزۈلگەن پىلانلارمۇ ئاز ئەمەس.

نادانلىقتا قالمىغىن ئەقىل كۆزۈڭ ساق بولسۇن،
ئۆز ئۆيۈڭدە ياتلاردىن تۇرغانلارمۇ ئاز ئەمەس .
كۈلۈپ قويۇپ تىشىدا ساڭا قىلىپ خۇشامەت ،
سىنىڭ ئۈچۈن تۇزاقلار قۇرغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

ھەر كۈنلىكى توختىماي ماختاپ قويۇپ ئۆزىنى،
يوشۇرۇنچە ئاجىزنى ئۇرغانلارمۇ ئاز ئەمەس.
قەلبلىرى پاك بولغان ۋىجدانى بار دوسلارنى،
ئەخلاقسىز قىپ دائىما بۇزغانلارمۇ ئاز ئەمەس .

ئەمدى توختاي دوسلۇرۇم چۈنكى ھازىر دۇنيادا،

سۆخەنچىلىك ئۆنۋانى ئالغانلارمۇ ئاز ئەمەس.
شۆنچىۋالا دىققەت قىپ ياشساڭمۇ ئەگەردە ،
سىنىڭ ئۆچۈن توقۇلغان يالغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

**2**

## ئەركەك ئۆلچىمى

ئەركەك دىسە تونۇدۇق كىمنى،
پەقەت ساقال بۇلامدۇ ھىساپ.
كۆردۇق ئەنە ساقاللىقنىمۇ ،
يۈرۈيدىغۇ مۇخۇركا ياساپ.

ئەركەك ئەسلى بولار مۇلايىم،
تىللىمايدۇ سۆكمەيدۇ قىزنى .
ئەخلاق بىلەن ياشايدۇ دائىم،
جاپالارغا ئەگمەيدۇ تىزنى .

ئاسان ئەمەس بۇنىڭ ئۆلچىمى،
ئەركەك بۇلۇش ھەممىدىن تەستۇر.

پاك قەلب ۋە ئەمليەت كىرەك،

قۇرۇق داۋراڭ مۇھىم ئەمەستۇر.

3

## شەيتان تور

تۇنجى ئاشقاندا تور سىنى ،

گۈزەل باھار پەسلىدە .

ئۇنتالمىدىم مەن سىنى ،

ئامراقكەنمەن ئەسلىدە .

گاھى ئوچوق تۇرسەن ،

گاھى تاقاق تۇرسەن .

گاھى تىخى مەن ئۇچۇن ،

ياخشى ھەمراھ بولسەن .

كىلەر سەندىن كۆپ ئۇچۇر ،

ھىكمەت بولاق ئۆزى سەن .

گاھى تىخى ماز ئۇچۇر ،

قۇرۇق گەپكە تولسەن .

بىلەلمىدىم سىرىڭنى ،
ئۆزەلمىدىم مېھرىمنى .
مېنى قىلدىڭ ۋەيرانە ،
كۆرسىتىپ رەزىللىكىڭنى .

قالدىم ھەجەپ يېگانە ،
يۆرۆپ تورنىڭ قەستىدە .
شەيتانمۇسەن، ئۇن دىدار ؟
نامىڭ نىمە ئەسلىدە ؟

**4**

## ئانامغا

ھاياتىمغا سەۋەپچى بولغان ،
شۇ ئانامنى ياخشى كۆرىمەن .
قەلبىملىرى مېھرگە تولغان ،
شۇ ئانامنى ياخشى كۆرىمەن .

ئانام بولغاچ يېنىمدا مىنىڭ ،
ھەر دائىما غەمسىز يۈرىمەن .
باشقىلار ماختانسا دۇنيادىن ،
مەن ئانامدىن پەخىرلىنىمەن .

كىچىكىمدىن زىرىكمەي باققان ،
مىنىڭ ئۈچۈن سۇ بولۇپ ئاققان .
كۆپلەپ جەۋرى ـ جاپالار تارتقان ،
شۇ ئانامنى ياخشى كۆرىمەن .

مىنى دەرتلەر پايخان ئەتسىمۇ ،
ماڭا نۇرغۇن كۈلپەت يەتسىمۇ .
ئامەتلىرىم قىچىپ كەتسىمۇ ،
مەن ئانامنى ياخشى كۆرىمەن .

5

## كۆزدىكى ئۇيقۇ

باھار كەتتى يازمۇ ھەم شۇنداق ،
كۆز پەسلىگە بولۇپ قايتماق .

بوران چىقىپ ، ياغدى قۇم توپا ،
تەس بولماقتا كۆزلەرنى ئاچماق .

دەرەخلەرمۇ كەتتى ئېگىلىپ ،
ئەمدى مۇشكۈل ئۇنى رۇسلىماق .
بولۇپ قالدى گويا ئىسكىلىت ،
تۆكۈلگەچكە نۇرغۇن يوپۇرماق .

گۈل ـ گىياھلار ھالى بەك يامان ،
مەجبۇر ئاگا سولۇشۇپ ياتماق .
كۆز پەسلىنىڭ جۇدۇنلىرىدا ،
پۇرىمايدۇ ئەمدى خۇش پۇراق .
يامغۇرلىرى شىپالىق ئەمەس ،
گوياكى بىر زەھەرلىك ھاراق .
زەھەرلىدى بارچە گىياھنى ،
ساپلىقىدىن قويدى بەك يىراق .

قۇياش چىقىپ قالار بەزىدە ،
مىسالىكى نۇرسىز جىنچىراق .
ئەسلى ئازراق بىرىپ ئىللىقنى ،

جۇدۇنلارنى ئىكەن يوشۇرماق .

شاۋقۇنلىرى ئەللەي ناخشىدەك ،
قۇلاق سالساق ئەگەر ياخشىراق .
ئىسسىق ئۆيدە ئۇخلىدۇق شۇڭا ،
ئۇيغىنالماي ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق .

**6**

## يىللار گۇۋاھچى

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قاپلاپ جاھاننى ،
ئەۋجى ئالدى رەڭلىك ئويۇنلار .
يەتمىگەندەك بىزگە تۈن كېچە ،
قورشىۋالدى قارا قويۇنلار .

تىرىشچانلار بولدى كۆرگەزمە ،
مۇكاپاتنى ئالدى ھورۇنلار .
مىسكىنلىكتە قالدى ئادالەت ،
كىسلمەكتە يۇۋاش بويۇنلار .

باشلامچىلار قالمىغاچ ھەتتا ،
ناتونۇشتۇر بىزگە بۇ يوللار .
مەرۋايىتلار ئۆزۈلدى يىپتىن ،
گۇۋاھچىدۇر بۇنىڭغا يىللار .

7

## زىمىستان

ئاران تەستە قىشنى ئۆتكۈزۈپ ،
ئىرىشكەنتۇق باھار پەسلىگە .
باھار ئۆتۈپ يازمۇ ھەم ئۆتۈپ ،
يەنە كەلدى قايتىپ ئەسلىگە .

ئىللىق پەسىل كەتتى ئالدىراپ ،
قانمىغانتۇق تىخى ۋەسلىگە .
بورانلارنى سوغاتلىق قىلىپ ،
كەلمەكتە قىش ئەنە پەتىگە .

تاپالمىدۇق چارە - ئامالار ،
زىمىستاننىڭ رەزىل قەستىگە .

تەن مۇزلىدى يۈرەكلەرمۇ ھەم،
باقالمىدۇق كۆلۈپ ئەتىگە .

**8**

## مانا بۇ مەن

بۇرۇندىنلا خەلقىم ئەزىزدۇر ،
گۈل تاجىلار تاقىمىسامۇ ،
ئىسسىقلىقى ئايان ھەممىگە .
مەن قايتىدىن ماختىمىسامۇ .

بەزى سۆزلەر تۆھمەتتۇر ئىنىق ،
مەن خەلقىمنى ئاقلىمىسامۇ ،
ھەققى ئۈچۈن قىلىمەن دۇئا ،
تۆھمەتلەرنى ياختۇرمىسامۇ .

كالللامدا بار ئىنىق ئىدىيە ،
ئاداۋەتلەر ساقلىمىسامۇ .
يۈرەكىمدىن ئاقىدۇ قان ـ ياش ،
مەن ئاشكارە ئاقتۇرمىسامۇ .

بىللە شوئار توۋلاپ قويىمەن ،
چىن يۈرەكتىن ياقلىمىسامۇ .
توغرامىكىن ئوتقا ئۆزەمنى ،
پەرۋاندەك قاقلىمىسامۇ .

**9**

## بىركۈنى

ئاچچىقلانما سەبىر قىل دائىم،
ياخشى كۈنلەر كېلەر بىركۈنى .
ئازار بەرگەن دۈشمەنلىرىڭمۇ،
ياخشىلىقنى بىلەر بىركۈنى

توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرساڭ،
سىنى بارچە سۆيەر بىركۈنى .
يامان كۆرگەن رەقىپلىرىڭمۇ،
سىنى ياخشى كۆرەر بىركۈنى .

كەسىپ قىلساڭ ھالال يوللاردا،

ئىگەم چوقوم يۆلەر بىركۈنى .
ھەۋەس قىلما ھارامخورلاغا،
كۆپلەپ بەدەل تۆلەر بىركۈنى .

بەزىلەرگە ياخشىلىق قىلساڭ ،
سىنى ماختاپ يۆرەر بىركۈنى .
گەر ئۇلارغا مۇھتاج بوپ قالساڭ،
سەندىن يۈزىنى ئۆرەر بىركۈنى .

مەيلى دىگىن ئۇلارمۇ ھامان،
خاتالىقنى بىلەر بىركۈنى .
ھەتتا تىخى پۇشايمان بىلەن ،
ساڭا ئەجىر تىلەر بىركۈنى .

## 10

## ئەركەك بولساڭ

مەن ئەركەك دىسەڭ ئەگەردە ،
تىللىمىغىن قىزلارنى ھەرگىز .
توغرا يولغا باشلاش ئۇلارنى ،

بىزلەر ئۈچۈن پەرىزدۇر-پەرىز .

لېكىن نۇرغۇن نادان ئادەملەر ،
ئۇلار ئۈستىگە قىلماقتا ئەرىز .
ئىگە بولۇش قوغداشنى ھەتتا ،
ئۆزى ئۈچۈن تۇتماقتا پەرھىز .

يوقالماقتا ھۆرمەت سۆزلىرى ،
سەنلىمەكتە دىمەي كەلدى سىز .
تىللاشلا بار ماڭسا خاتاغا ،
ئىيتالمىدى سەۋەپچىلەر بىز .

بۇزۇق دىدى ھەتتا بەزىسى ،
ئۇنتۇماقتا دىيىشنىمۇ قىز .
ھاقارەتلەپ كەلدى دائىما ،
ياخشى سۆز يوق بىرەرمۇ ئىغىز .

بىلدۇرمىگەچ توغرا خاتانى ،
خاتا بولدى ئۇلار باسقان ئىز .
قالمىغاچقا بىزدە دىيانەت ،

ھۆججەم قىلدى ئۆلارغا ئەيدىز .

ئۆلاردىمۇ پۈتۈن خاتالىق ،
بىزدە يوقمۇ مەسئۇلىيەت قەرىز ،
ئەگە بولۇش قوغداش ئۆلارنى ،
ئىدى بىزگە مەجبۇرىيەت پەرىز .

يامان كۆرمە دىگەنلىرىمنى ،
دىمە ھەتتا ئەكەن پايدىسىز .
تۈزەلمىسە بىزدە خاتالىق ،
بولالمايدۇ بۇ ئۈممەت ئەزىز .

**11**

## ئازغۇن قەلىپ

ياشايدىكەن بەزىلەر جاھان دىگەن مۇشۇ دەپ ،
بۇ دۇنياغا نىم ئۈچۈن كەلگىنىنى بىلەلمەي .
بىچارىدۇر شۇنچىلىك هارام ئۈچۈن ئات چىپىپ ،
بىرەر قېتىم ئاغزىغا ھالال ناننى يىيەلمەي.

ئۆزەڭ كىم دەپ سورىساڭ نەسەبىنى ئۇلاردىن ،
كىبىر بىلەن غادىيىپ بېرىدىكەن جاۋابىنى.
چاغلايدىكەن ئۆزىنى ھەق يولدىكى ئادەم دەپ ،
بىلمەي تۇرۇپ ھەتتاكى گۇناھ بىلەن ساۋابىنى .

كۇندۇزلىرى ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى قىلسىمۇ ،
كېچىلىككە ئىسمىنا قىلىدىكەن قاۋاقنى .
بۇلۇڭلارغا تاشلىنىپ قالدى ئاق نان غىرىپتا ،
ناشتىلىققا ھەتتاكى ئىچىدىكەن ھاراقنى .

كىيىملىرى چەت ئەلنىڭ ، ئىسىل ئامما قىممەتتۇر ،
ياراتمايدۇ ئەرزاننى ، چۈشكەن ياكى ياماقنى .
كىبىر قىلىپ دۇنيادا ھالەك بولغان ئاز ئەمەس ،
مۇشۇلارغا قاراپمۇ ئالمايدىكەن ساۋاقنى .

مىسكىن چىراي بولۇۋالسا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇلارغا ،
تاماق بەرسە يەۋېلىپ ، چاقىدىكەن تاۋاقنى .
ئويلاپ قالدىم دۇنيادا ، بۇنداقلارغا ھەتتاكى ،
ئون مىڭ دەررە بەرسىمۇ ئەرزىگىدەك تاياقنى .

ئەنە شۇنداق ئادەملەر ئۇ دۇنيانىڭ ئوتىغا ،
ئۇرىدىكەن ئۆزىنى پەرۋانىغا ئوخشۇتۇپ.

قارايمامدۇ يۈزلىرى قورقۇنۇشلۇق ئىچىدە،
يۈرەك رىتىم ساننىنى قويسا ئەگەر توختۇتۇپ .

**12**

## مىنىڭ ئەزىزەم

بىر مەلىكە باردۇر يىنىمدا ،
مەن دائىما ئەزىزلەپ يۈرگەن .
ئۇ يىغلىسا بىرىپ تەسەللى ،
خوشاللىقتا تەڭ بىللە كۈلگەن .

ئۇ بولغاچ ساق ۋە سالامەت ،
ھەر دائىما دىلىم سۆيۈنگەن .
بىرەر قىتىم ئەھۋاللاشمىسام ،
ماڭا يازمۇ قىشتەك بىلىنگەن .

تەسۋىرلىسەم ئەگەردە ئۇنى ،
باتۇرلىقتا نوزۇگۇم كەبى .
قوپال سۆزچىقماس ئۇنىڭدىن ،
شۇنچە ئوماق شۇنچىلىك سەبى .

ئۆز ـ ئۆزىنى ياساپ يۈرمەيدۇ ،
ئۇنىڭغا ئەمەس ئۆلگە ئەجنەبى .
مۇھىم بىلمەس تاشقى سۈپەتنى ،
ئۆز چىرايى گۈزەل ۋە تەبى .

چىن مېھرىم باردۇر ئۇنىڭغا ،
كۆزلىمىدىم تاشقى قىياپەت .
يېتەرلىكتۇر ماڭا پەقەتلا ،
ئۇنىڭدىكى پاكلىق دىيانەت .

ئۇنى شۇنچە ئەزىزلىسەممۇ ،
ماڭا كۆڭۈل بەرمىدى بىراق .
بىلەلمىدىم نەرىم خاتادۇر ،
قېينار مىنى دەت ـ ئەلەم پىراق .

مىنى ياخشى كۆرمىسە گەرچە ،
ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇتمەن زەمزەم .
قاچان كەلسە كۈلۈپ باقىمەن ،
ئۇ يەنىلا مىنىڭ ئەزىزەم .

# يانغىن ئېلكىتابلىرى

## ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

**ئېلكىتاب ئىشلەشكە قاتناشقۇچىلار: يانغىن ، *oqugin***

www.yanghin.cn www.yanghin.net

admin@yanghin.net kitab@yanghin.net